# كىرىش سۆز

— پۇل ئەڭ رەزىل نەرسە.

— ياق!

— پۇل ئەڭ ئېسىل نەرسە.

— ياق!

— ئۇنداقتا ... پۇل زادى قانداق نەرسە؟ ئۇنى قانداق قىلغاندا توغرا چۈشەنگىلى، ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى ۋە كۆپ مىقداردا تاپقىلى بولىدۇ؟!

بۇنىڭ جاۋابىنى قولىڭىزدىكى «پۇل تېپىش ھەققىدە يېڭىچە بايان» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابتىكى قىزىقارلىق، ئەمەلىي، جانلىق تەپسىلاتلاردىن ئىزدەڭ. ئۇ سىزنىڭ روھىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ، قەلبىڭىزنى نۇرلاندۇرىدۇ ۋە سىزدە ئۆزگىچە بىر خىل ئاڭ، تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ سېھىرلىك ھالىتى سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىن مەڭگۈلۈك يوقىلىدۇ، بۇ خۇسۇستىكى بايانلار سىزگە ھۇزۇر بەخش ئەتكۈسى!

## مۇندەرىجە


**پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار** ... 1

« 30 مىڭ يۈەنلىك » تاپا - تەنە ... 1

يېڭىچە پۇل تەبىرى ۋە كونىچە پۇل چۈشەنچىسى ... 5

پۇل ھەممىگە قادىر ۋە قادىر ئەمەس ... 9

پۇلنىڭ راھىتىنى سۈرۈشمۇ — پۇل ... 11

پۇلنى نۆلگە تەڭ قىلغان «باي» ... 17

پۇلنى بۈگۈن ئۈچۈن بۈگۈن ، ئەتە ئۈچۈنمۇ بۈگۈن خەجلەش دانالىق ... 21

**ھەي ، پۇل** ... 26

مۇقەددىمە ... 26

نومۇر ئېلىش ئورنىدىكى جۇلا ... 26

پۇل تۇغىدىغان پۇل ... 34

ئىشلەمچىدىن تىلەمچى باي ... 44

«كوڭكا چاشقىنى» پۇل قايغۇسىدا ... 59

خاتىمە ... 76

**روھىيەت تۈۋرۈكى ۋە پۇل** ... 78

غۇرۇر - ۋىجدان ۋە پۇل ... 79

ئەقىل - پاراسەت ۋە پۇل ... 85

ئەخلاق - پەزىلەت ۋە پۇل ... 87

مېھىر - مۇھەببەت ۋە پۇل ... 89

تالانت ۋە پۇل ... 91

گەپ ساتتۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈپ تاشلىنىپ، بىر-
بىرىنى تولۇقلاش، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش رو-
لى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەچكە، تەڭپۇڭلۇق بۇ-
زۇلۇپ، تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى. بۇمۇ ئاز كەل-
گەندەك، سىياسىنى پۇل ئورنىغا قويۇشقا، نەزەرىيىنى
بولسا، ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى قىلىشقا ئۇرۇ-
نۇپ، ھەدېگەندە پۇلغا ئادەملەرنى چىرىتكۈچى، تۇر-
مۇشنى زەھەرلىگۈچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلدۇق ۋە
بۇنداق بىمەنە قارىشىمىزنى قانۇنلاشتۇردۇق ياكى
شۇنداق مەنىدە ئىستېمال قىلدۇق، نەتىجىدە، ھەممە يې-
لەن بايلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئۆزىمىزنى چەتكە
ئالدۇق. ئالايلۇق، ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى
دېگەنگە ئوخشاشلارنى پۇلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ باق-
تۇق، بۇ بېلەتلەر ماھىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن پۇل
بولۇپ، پۇلنىڭ ئورنىنى مەلۇم نىسبەتتە ئىگىلىدى، ئۇ
يەنە ئۆز نۆۋىتىدە پۇلنىڭ كۆپىيىشى ۋە پاخاللىشى-
شىنى مەلۇم نىسبەتتە تىزگىنلىدى، پۇلنىڭ رولىنى
بەلگىلىك دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. لېكىن، مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ،
يەنىلا ئاز-تولا پۇلى بار، پۇل خەجلەشنى بىلىدىغان
كىشىلەر بىر قەدەر پاراۋان تۇرمۇش شارائىتى يار-
تىپ، ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بول-
دى. گەرچە بېلەتلەرنى پۇل ئورنىغا دەسسىتىشتەك
پاسسىپ ئۇسۇل بىر مەزگىل ئۈنۈم بەرگەن بولسىمۇ،
ئۇزاق ئۆتمەستىن رولىنى يوقاتتى. بۇ خىل ئەھۋال-

چىلىك يىللىرىدا خىزمەتكە قاتناشقانلار . ئۇلارنىڭ بانكىدا قويغان نۇرغۇن پۇلى بار ، بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغان، بالا-چاقا يۆكى يوق ، ئۆيلىرى ئازادە ، تۈرلۈك شارائىتلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى . لېكىن، كېيىگەن كېيىمى ، مىنگەن ۋېلىسىپىتى ، كۆتۈرگەن سومكىسى ھېلىقىدەك ، پۇل خەجلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا ، يانچۇقى بىلەن قولىنىڭ ئارىلىقى مىڭ يىللىق يولغا ئايلىنىپ ، قولى تىترەيدۇ ؛ ئاددىيسى كېسەل بولۇپ قالسىمۇ ئون يۈەنگە تاكسىغا ئولتۇرۇپ دوختۇرغا بېرىشقا كۆزى قىيمايدۇ . توۋا ، ئۇلار شۇنچە پۇلنى نېمە ئۈچۈن يىغىدىغاندۇ ؟ ! ئۇلارنىڭ پۇلىنى بانكا ئامانەتكە جەلپ قىلىپ، ئۇنى يەنە باشقىلارغا قەرز بېرىپ، ئۆزۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

## پۇلنى بۈگۈن ئۈچۈن بۈگۈن ، ئەتە ئۈچۈنمۇ بۈگۈن خەجلەش دانالىق

بۇ يىل يازدا ، ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىدىغان بىر دوستۇم قەشقەرگە كېلىپ بىرەر ئاي ئۆپچۆرىسىدە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ، ئۆيدىن كوچىغا چىقسىلا تاكسىدا ئولتۇرۇپ ماڭدى . مەن بىر تۇرۇپ « پۇلنى كۆز - كۆز قىلغىنى » دەپ ئويلىدىم ، يەنە بىر تۇرۇپ ، « ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق ئوخشايدۇ » دەپ قارىدىم . چۈنكى ، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى ۋېلىسىپىت ، نۇرغۇن ئىش ، نۇرغۇن يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن تامامدايمىز . تاكسىغا ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، تاكسىدا ئولتۇرۇش ئاز-

دۇق، بۇ يەردە بٮر قانچە ئائٮلە بار ئٮكەن؛ قارٮساق ئۆيلەر بٮرسٮدٮن - بٮرسى ئٮسٮل، بٮرسٮدٮن - بٮرسى كاتتا، ھەيران قالدۇق. بٮزنى بٮر ئائٮلٮلٮك قٮزغٮن كۇتٮۋالدى. مەن ئۇلارنٮڭ تۇرمۇشٮغا قٮزٮقٮپ نٮمە ئٮش قٮلٮدٮغانلٮقٮنى سورٮدٮم. ئۇلار تٮلەمچٮلەر ئٮكەن، تٮلەمچٮلٮك توغرٮسٮدٮكى كەچۇرمٮشلٮرٮنى قٮزٮقارلٮق قٮلٮپ سۆزلەپ بەردى... مەن «تٮلەمچٮلٮكمۇ بٮر سەنئەت، كارامەت زور بايلٮق يارٮتٮدٮغان كەسٮپ ئٮكەن» دەپ ئويلاپ قالدٮم. ئۇلار ئٮلگٮرى ئۇلاغ ترانسپورتى بٮلەن يول يۇرۇپ تٮلەمچٮلٮك قٮلغانٮكەن، ھازٮر ئاپتوموبٮل-تراكتور بٮلەن يول يۇرۇپ تٮلەمچٮلٮك قٮلٮدٮكەن. كۆپچاغلاردا، بٮر قانچە ئون ئادەم بٮر ئاپتوموبٮل ياكى تراكتور بٮلەن يولغا چٮقٮپ، كٮچٮسى مەلۇم يۇرتقا بارٮدٮكەن - دە، چەتجاڭگال، ئادەم بارمايدٮغان يەرگە نەرسە - كٮرەكلٮرٮنى چۇشۇرۇپ ماكانلٮشٮدٮكەن، ئاندٮن كۇندۇزى جۇل - جۇل، جەندە كٮيٮملٮرٮنى كٮيٮپ مەھەللٮمۇ-مەھەللە بۆلۇنۇپ تٮلەمچٮلٮك قٮلٮدٮكەن، كەچتە ھٮلٮقى يەرگە جەم بولٮدٮكەن...

بٮر قانچە يٮلدٮن بۇيان، بٮزدە تٮلەمچٮلەر كۆپٮيٮپ كەتتى، كٮشٮلەرنٮڭ باغرى يۇمشاقلٮشٮپ كەتتٮمۇ - قانداق، ئۇلار تٮلٮسٮلا پۇل بٮرٮدۇ، ھەتتا خٮلى - خٮلى نەرسٮلەرنٮمۇ ئايٮمايدۇ. يۇزەكى نۇقتٮدٮن بۇ كٮشٮلەرنٮڭ ئاقكۆڭۇل، كۆيۇمچانلٮقٮنى كۆرسەتسٮمۇ، ماھٮيەتتە ئۆزقٮرٮنداشلٮرٮنى نابۇت قٮلغانلٮقٮدۇر. بۇ يەردە بٮر ئٮش ئٮسٮمگە كٮ-

## روھىيەت تۈۋرۈكى ۋە پۇل

ئادەمدە تەدرىجىي يېتىلىدىغان نۇرغۇن نەرسە-
لەر بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى غۇرۇر - ۋىجدان، ئە-
قىل - پاراسەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە تالانت،
مېھىر - مۇھەببەت... قاتارلىقلار روھىيەت ئامىللىرى-
نىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئادەمنىڭ جىسما-
نىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تەرەق-
قىي قىلىدۇ ۋە تاكامۇللىشىدۇ. بۇنداق يېتىلىش ئا-
دەمنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام، جەسۇر،
پاراسەتلىك، گۈزەل بولۇپ تاۋلىنىش جەريانى ھې-
سابلىنىپ، ئۇنىڭغا ئادەملىك سالاپەت بەخش ئېتى-
دۇ ۋە ھەقىقەت كۆكىدە پەرۋاز قىلىشىدا قانات بو-
لىدۇ. روھىيەت تۈۋرۈكىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە يېتى-
لىشى، تاكامۇللىشىشى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ھال،
ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئوخشاشماسلىقنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روھى-
يەت تۈۋرۈكلىرى تەبىئىي يېتىلىشتىن تاشقىرى، سۇن-
ئىي يوسۇندىمۇ يېتىلىدۇ، دېمەك، تۇغما بولمايدىغان
بۇ ئامىللار ئۆز يېتىلىش باسقۇچلىرىدا ئۇنداق ياكى
مۇنداق ئىچكى - تاشقى سەۋەب ۋە ئامىل، دەۋر ئېقىمى-
لىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، پۇل-
نى مەركەز قىلغان ماددىي ئامىللارنىڭ تەسىرى ئالا-

ھەممە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنداقتا، پۇل بىلەن روھىي تۈۋرۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قانداق؟

## غۇرۇر ـ ۋىجدان ۋە پۇل

مۇشۇ كۈنلەردە، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن «پالانى، پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتتى، پوكۇنى پۇل ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىشتىن يانمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تولا ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ھالبۇكى، بۇنداق شىكايەتلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئاساسى بارلىقىغا بىر نېمە دېيىش تەس. بار دېيىلگەندىمۇ ۋىجدان پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ۋىجدان پۇلنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە شۇنىڭدەك ئۇنى ئۆزىگە ماددىي ـ مەنىۋى ئاساسمۇ قىلمايدۇ. ۋىجدان، چىن مەنىسىدىن ئالغاندا، پۇل ئورنىغا قويغىلى بولىدىغان، پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان ماددىي نەرسە قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇ ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ يىمىرىلمەس قورغىنى بولۇپ، مەنىۋىيەتنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلىدۇ؛ ئۇ روھىيەتنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورالى بولۇپ، ئادەمنى باشقا ھەر قانداق مەخلۇقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭسىز ئادەم جېنى بار، روھى يوق قۇرۇق قاقشالغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ۋىجداننى پۇلغا سېتىۋالغىلى ۋە ساتقىلى بولمايدۇ! ئادەم ئۇنىڭ پاكلىقى بىلەن گۈزەل، ساپلىقى بىلەن ئۇلۇغ، يېگانىلىقى بىلەن جاسارەتلىك بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ھېلىقىدەك گەپلەرگە كەلسەك، ئۇ خىل گەپلەر تېگىدىن ئالغاندا،

ۋىجداننى ئۆلچەشنىڭ ، كەمسىتىشنىڭ قورالى بو-
لالمايدۇ. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىكى قىسمەن
تەرەپلەر ۋىجداننىڭ ئىپادىسى بولۇشى ناتايىن .
كىشىلەر مەيلى قانداقلىكى بىرەر ھەرىكەت بىلەن
شۇغۇللانسۇن ، ئۇ جەزمەن مەلۇم شەرت - شارائىتنى
ئاساس قىلىدۇ ، شارائىت ، پۇرسەت ئادەمنى ئاشۇن-
داق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ . بۇ خىل ئەھۋالدا بەزى
ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى « سەزگۈر » كىشىلەرنىڭ ئې-
گىدا ۋىجداننى دەپسەندە قىلغانلىق ، ۋىجداننى سا-
تقاندەك « كۆرۈنۈش » ھاسىل قىلىپ ، سەلبىي تۇيغۇ
شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ ، كىشىلەردە ۋىجداننىڭ يې-
تىلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، پۇل چۈشەنچىسى ،
ئادىتى ، ۋىجدانىي پائالىيەتلىرى ، ۋىجدانغا تۇت-
قان پوزىتسىيەسى روشەن پەرقلىنىدۇ . بۇنىڭغا ئا-
ساسلىنىپ ، بەزىلەر ، ۋىجداننى ساتتى دەپ قارىسا ،
بەزىلەر ، ساتمىدى دەپ قارايدۇ ، قارىلانغۇچى ئۆزى
بولسا ، ئىشنى ۋىجدان بىلەن قىلغانلىق دەۋاسىدا
چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭكىنى مۇتلەق توغرىغا چىقى-
رىپ ، ۋىجدانىم شۇنداق قىل دېدى دەپ ھۆكۈم قىلى-
دۇ . ھەر كىمنىڭ ۋىجدانى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالى-
يەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ، توغرا يولغا
يېتەكلەشكە سەۋەب بولىدىغان ئاساس بولغاچقا ،
ئۇرغۇن ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەت-
مەي قالمايدۇ . بىراۋنىڭ بىراۋنى ۋىجدانىنى سات-
تى دېيىشى پەقەت شۇ كىشىنىڭ شەخسەن قارىشى ،
ئادىتى ئۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولىدۇ . مەسىلەن ،

مەلۇم بىر كىشى پۇلغا «ئۆچ»، پۇل تېپىشنى بىلە-
مەيدۇ، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ ئەكسىچە، پۇلغا توغرا
مۇئامىلە قىلىدۇ، پۇل تېپىش، خەجلەش يوللىرىنى
بىلىدۇ؛ ھالبۇكى، كېيىنكىسىنىڭ نۇرغۇن ھەرىكىتى،
پۇل تېپىش يولىدىكى پائالىيەتلىرى ئالدىنقىسىنىڭ
(پۇلغا «ئۆچ» كىشىنىڭ) نەزەرىدە ۋىجدان سات-
قانلىق، ۋىجداننى بۇلغىغانلىق دەپ قارىلىشى تۇر-
غان گەپ. ئەمما، تېگىدىن ئالغاندا، پۇل تېپىش
بىلەن ۋىجدان سېتىش كېلىپ چىقىشى ناتايىن. چۈن-
كى، پۇل تېپىشقىمۇ ۋىجدان قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە
پۇل تېپىش ئۈچۈن جاسارەت بەخش ئېتىدۇ. كىشى-
لەرنىڭ قاراش تۈسىدىكى گەپلىرىنى ۋىجداننى چۆ-
كۈرۈشنىڭ، ئۆلچەشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ.
ۋىجدان سېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەلۇم كىشىگە
نىسبەتەن ئۆز قارىشىدا تىكلىگەن ۋىجدان ئۆلچىمى
دەپسەندە قىلىنغاندا، ئۆزى ۋىجدانىم سېتىلدى دەپ
قارىغاندا ياكى ۋىجدانەن شۇنداق تونۇشقا كەلگەندە
پەيدا بولغان تۇيغۇ شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ۋىجدانىنىڭ سېتىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ۋە نەتىجە-
سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۆلچەمنى باشقى-
لارنىڭ ۋىجدانىغا ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ پە-
قەت ئۆز ۋىجدانىنى ئۆلچەشكىلا باب كېلىدۇ. مۇشۇن-
داق ئاچقۇچلۇق پەيتكە دۇچ كەلگەندە، مەردانىلىق
ۋە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان قەتئىيلىك بىلەن قار-
شى تۇرۇش ۋە ئۆزىنى قوغداش ماھىيەتتە ۋىجدان،
غۇرۇرنى قوغدىغانلىق، ۋىجدانلىق بولغانلىق ھې-

لىقىدىن قاقشايدۇ ؟ ! ئۇنى قىلسا ۋىجدانسىزلىق
بولسا ، بۇنى قىلسا ۋىجدانىنى ساتقان قاتارغا چىقـ
سا ، ئۇنداقتا ، ھەممە ئادەم ۋىجدانىنى يېپىنجا قىـ
لىپ ، تەرلىنىپ ياتسۇنمۇ ؟ ھەممە نەرسە ئۆز يولىـ
دا بولغىنى تۈزۈك . قاتتىقراق ئېيتساق ، مەجنۇنلارـ
چە « ۋىجدانىم بار » دەپ ياتسا ، قورساق يەنىلا ئېـ
چىشىۋېرىدۇ ! ھايات ـ ھاياتتەك ، تۇرمۇش ـ تۇرمۇشتەك
بولمايدۇ ! ئادەم گېزى كەلسە ، شەرەپلىك ، ئۇلۇغ
ئىشلار ئۈچۈن مەردلەرچە جانىنى پىدا قىلىش كېرەك .
مانا بۇ ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى ، چىن ئىنسانىنىڭ
ئاخىرقى نىشانى ! ھالبۇكى ، ئەھمىيەتسىز ئىشلار
ئۈچۈن بىھۇدە ئۆلۈشتىن ياشاش ، ھايات قېلىش
ئەلا . قۇتۇلۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق ،
جانىنى سېلىپ بېرىش ۋىجدانلىق ئەرنىڭ ئىشى ئەـ
مەس ! ئەلۋەتتە ، بۇ خىل ئەھۋالدا جانىنى ساقلىـ
غان ئادەم ۋىجدانلىق ھېسابلىنىدۇ ، مەلۇم ئىمكانىـ
يەت ـ شارائىت بار ئەھۋالدا ئۆلۈۋېلىش ۋىجدانسىزـ
لىق سانىلىدۇ . پەقەت ئىلاجسىز قالغاندا تىلەمچىـ
لىك قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى ساقلاشمۇ ۋىجدان
جۈملىسىگە كىرىدۇ . تىلەمچىلىك قىلسام ۋىجدانىم
يول قويمايدۇ دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈش ۋىجدانسىزلىق
بولىدۇ . ۋىجدان جانلىق مەنىگە ئىگىكى ، ئۆلۈك
ئەكس ئەتتۈرۈلۈشنى ياقتۇرمايدۇ ، بەلكى جانلىق
ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىلا ھەقىقىي خۇسۇسىيىتىنى ساقـ
لاپ قالالايدۇ . شۇڭا ، پۇل تېپىش جەريانىدا ھارامـ
خورلۇق قىلمىسىلا ھەر قانداق ھەرىكەت ۋىجدانغا

مۇخالىپ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ھەقىقەت ئالدىدا، ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ۋىجدانغا مۇخالىپمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇ مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ۋىجدانغا مۇخالىپ، ۋىجداننى بۇلغىغانلىق بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى پۇل بىلەن ۋىجدان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولغانلىقتىن، ۋىجدانغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئولتۇرمايمىز. گاھىدا كىشىلەر پۇلنى دەپ ۋىجدانغا، قانۇنغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. لېكىن، بۇ قىسمەنلىك بولۇپ، ۋىجدانغا سادىق ئادەم بۇ خىل قىلمىشنى ئاڭلىق چەكلەيدۇ، مۇبادا، بىلىپ-بىلمەي خاتالىق سادىر قىلسا، ھامان ۋىجداننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇل تېپىشتا ۋىجداننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويالمايدۇ.

نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلاپ بەردىكى، غۇرۇر-ۋىجدان پۇلغا قوماندان بولغاندىلا، ساپلىق-پاكلىق بابىدا پەرۋاز قىلىپ، ھالال قان-تەر بەدىلىگە پۇل ياكى ماددىي قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىمكانىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا پۇل غۇرۇر-ۋىجدانغا بېقىنىدۇ، پۇل تېپىش بولسا، چوقۇم غۇرۇر-ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىدۇ. قانداقتۇر غۇرۇر-ۋىجدان پۇلغا بېقىنمايدۇ، پۇل ئالدىدا ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ؛ ۋىجدان كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ پۇل تېپىشتىن ئىبارەت ئارزۇسىغا

ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلاندۇرۇشقا تورتكە بولىدۇ.

## ئەقىل - پاراسەت ۋە پۇل

ئەقىل - پاراسەت ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا بار نەرسە بولماستىن، خۇددى ۋىجدانغا ئوخشاش تەدرىجىي بارلىققا كېلىپ يېتىلىدىغان، تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئۇمۇ ھەر بىر ئادەمدە خاسلىقنى چۆرىدىگەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇ، ئىنسان ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلەشكەن نۇقتىسى بولۇپ، ئىچكى - تاشقى بىلىملەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇنداقتا، ئەقىل - پاراسەت پۇلغا بېقىنامدۇ - يوق؟ بۇ جاۋاب بېرىش قىيىن، نىسبەتەن مۇرەككەپ بىر مەسىلە بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئەقىل - پاراسەتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى پۇلغا بىۋاسىتە سېتىۋالغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، پۇلنى ۋاسىتە قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم بىلىم ئېلىش، تەربىيىلىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش كېرەك. دېمەك، تېگىدىن ئالغاندا، ئىلىم - بىلىمگە پۇل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ پۇل بولمىسا، كەڭ دائىرىلىك، چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتقىلى بولمايدۇ؛ پۇل بولغاندىلا ئاندىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇغىلى، ئوقۇش — بىلىم ئاشۇرۇش شارائىتى ھازىرلىغىلى، بىلىمگە ئائىت مەنبەلەرنى ئاچقىلى، ماتېرىياللارنى

سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق شەرتلەر يېتەرلىك
بولغاندىلا ئاندىن بىلىم ئېلىش، بىلىم تولۇقلاش،
ئاخىرىدا ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش مەقسىتىگە
يەتكىلى بولىدۇ.

« ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا » دەيدىغان گەپ
بار. مانا بۇنىڭدىن ئەقىل - پاراسەت ھامان تەر-
بىيىلىنىش، يېتىلدۇرۇشكە باغلىق ئىكەنلىكى چىقىپ
تۇرىدۇ. دېمەك، ئەقىل - پاراسەتنىمۇ پۇل ئار-
قىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن
ئۇقۇم تامامەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.
مانا بۇ ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن
قىممەتلىكى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسى-
ۋەت بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىل-
گىرى سۈرىدۇ، بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تې-
گىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئەقىل - پاراسەت-
نىڭ پۇل ئالدىدىكى ئومۇمىيلىقى يەنىلا ئالدىنقى
ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنى ئەقىل - پاراسەت پۇلنى باش-
قۇرىدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ، پۇل ئەقىل - پاراسەت-
نىڭ باشقۇرۇشى ئارقىلىق ئۆز رولىنى تولۇق، ئۈنۈم-
لۈك نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك،
پۇل ئەقىل - پاراسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
« چاكار » ھېسابلىنىدۇ. ئەقىل - پاراسەت بىلەن
پۇل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە باغلىنىشنى
بىلگەندىلا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر تەرەپلىمە
قاراشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

# ئەخلاق - پەزىلەت ۋە پۇل

پۇل ھەرگىز ئەخلاق - پەزىلەتنى چەتكە قاقماي-
دۇ. ئەخلاق - پەزىلەت ئادەملەردىن ئادەملەرگە ئۆ-
تۈشتەك ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئەنئەنىگە ئايلان-
غان، كىشىلەر تەرىپىدىن تەدرىجىي قوبۇل قىلىنىپ
بېيىيدىغان ۋە چېكىنىدىغان روھىي ھالەتنىڭ بىر
قىسمى بولۇپ، ئۇ، پۇلى بارلاردىمۇ، پۇلى يوقلاردىمۇ
بولىدۇ.

پۇلى كۆپ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى
كەڭ قورساق، كۆيۈمچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، ئې-
سىل پەزىلەتلىك كېلىدۇ، پەقەت ناھايىتى ئاز بىر
قىسمىلا ئاچكۆز، پەزىلەتسىز بولىدۇ. پەزىلەتسىز
پۇلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى پۇلنىڭ جىقلىقىدىن ئە-
مەس، بەلكى باشقا يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن
پەزىلەتسىز بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ھە
دېگەندە، پۇلنىڭ رولى بىلەن پەزىلەتنى ۋە ناچار
ئىللەتلەرنى باغلىۋېلىشقا ھەم ئۇلارنى ئۆز ئارا زىتلەش-
تۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بىز رادىئو - تېلېۋىزور-
لاردىن، گېزىت - ژۇرناللاردىن پارىخور - خىيانەت-
چىلەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قى-
لىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ
تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جىنايىتى خەۋەردە دې-
يىلگىنى بويىچە «پۇلنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىغان»-
لىقتىن ئىبارەت. ھەقىقىي ئەھۋال راستىنلا شۇنداق-
مۇ؟ بۇ خىل دېلولارغا ماھىيەت نۇقتىسىدىن قاراپ
تۈپ يىلتىزى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزسەك، ئۇلارنى

چىرىتكىنى ئەمەلىيەتتە پۇل ئەمەس، باشقا ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. پىكىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى: شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى چۈەنجۇ شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى ××× بىر ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولۇپ قالغان ۋە پۇلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدە بولغان، ئۇ زور ھەشەم - دەرەم بىلەن چوڭ بايۋەچچە قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە جىق پۇل خەجلىگەن، ئۇ، خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ 400 مىڭ يۈەن پۇلىنى خىيانەت قىلىپ، ناخشا چولپىنىغا خەجلەپ تۈگىتىپ، جىنايەتچىگە ئايلانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنى پۇل ئەمەس، بەلكى، ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولۇشتەك شەھۋانىي ئىستەك چىرىتكەن، ئۇ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتە پۇلنى ۋاستە قىلغان، قانداقتۇر پۇل ئۇنى ناخشا چولپىنىغا ئاشىق قىلغان ئەمەس. ئۇ ناخشا چولپىنىغا ئاشىق بولغان تەقدىردىمۇ پۇل بولمىغان بولسا ئۇنداق پاتقاققا پېتىپ قالمايتتى دېگىلى بولامدۇ؟ ياق. چۈنكى، ئۇ ئاشىق بولغان ۋە «ۋىسال» غا يېتىشنى نىيەت قىلغانىكەن، پۇل بولمىغان ئەھۋالدا باشقا نەرسىنى ۋاستە قىلىشى، باشقا چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىشى تۇرغان گەپ. دېمەك، ئۇنى چىرىتكىنى پۇل بولماستىن، بەلكى ئاشىقلىقتۇر. بۇنىڭدىن شۇنى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەزىللىك قىلماقچى بولغان ئادەم مەيلى پۇلى بولسۇن، مەيلى پۇلى بولمىسۇن، مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال رەزىللىكنى ئويلىماي قالمايدۇ. پۇل ئارقىلىق رەزىللىك قىلغۇچىمۇ پۇلنى ۋاسىتە قىلىشتىن ئاۋۋال باشقا نەرسىلەرنى ۋاسىتە قىلىشنى پىلانلايدۇ. ئۇ خىل نەرسە مەقسەتكە يېتىش ۋاسىتىسى بولۇش كۈچىدىن قالغاندا، ئاندىن پۇلنى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىق رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما، نۇرغۇن ئىشلاردا پۇلنى ۋاسىتە قىلىش ئارقىلىقمۇ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ھېس قىلىش مۇمكىنكى، پۇل ئادەملەرنى چىرىتكۈچى، رەزىللىك پەيدا قىلغۇچى، ئەخلاق-پەزىلەتنى بۇزغۇچى بىردىنبىر ۋاسىتە ئەمەس.

## مېھىر-مۇھەببەت ۋە پۇل

ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت ۋىجداندىن قالسا، پۇلغا ۋە ھەر قانداق بىر ماددىي نەرسىگە سېتىۋالغىلى ۋە ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ تۈپ ماھىيىتىدىن ئەڭ ساپ، ئەڭ گۈزەل روھىي ئامىل بولۇپ، ئادەمنىڭ قەلب قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ ۋە تەبىئىي ھالدا يېتىلىدۇ. ئۇنى ھەر قانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇ، ھەر بىر ئادەم قەلبىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، مەڭگۈ ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ.

مېھىر - مۇھەببەت پۇلغا بېقىنمايدۇ، پۇلنى مەنبەمۇ قىلمايدۇ، پۇل ئۇنىڭغا قىسمەن تەسىرلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. ئۇ، ئادەم تاكامۇللاشقانسېرى چوڭقۇرلاپ بارىدۇ، گاھىدا ئۇ قىسمەن ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن سۇسلىشىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن، پۈتۈنلەي تۈگىمەيدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئېسىل ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن كۈچىيىدۇ، قىسمەن سەلبىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەلەمپەي ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى مېھىر - مۇھەببەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى مەلۇم بىر ياخشى ئىش مەلۇم بىر ئادەمدە مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. بۇ مېھىر-مۇھەببەتنىڭ نىسبەتەن مۇھىم، ئەمما قىسمەن تەرىپى بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاسلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھالبۇكى، مېھىر - مۇھەببەت ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن، ماددىي ۋاسىتىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ . مەسىلەن، پەرھات - شېرىن، تاھىر - زۆھرە، رابىيە - سەئىدىنلەردەك ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئوخشاش.

ۋەھالەنكى، بەزى كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە مېھىر-مۇھەببەتنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەپ قاراشماقتا. تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ قىممەت قارىشى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن

پۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ
چىققان خۇنۇك، بىمەنە قارىشىدۇر. پۇل ھەم-
مىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قارايدىغان، پۇلنى ھەممە ئىش-
نىڭ ئاساسى قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ «مۇھەببەتكە-
چۈرمىشى» ھەر قانچە تەسىرلىك بولسىمۇ، بۇنداق مۇ-
ھەببەتنىڭ ئاخىرى كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. قىسمەنلىككىلا
ياتىدىغان بۇ خىل ئەھۋاللارغا قاراپلا، مېھىر-مۇھەب-
بەتمۇ پۇلغا بېقىنىدۇ دېيىش توغرا ئەمەس.

بىلىش كېرەككى، مېھىر - مۇھەببەتنى پۇلغا سې-
تىۋالغىلى بولمايلا قالماستىن، غەزەپ - نەپرەتنىمۇ
پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. كېسەلنى داۋالىتىپ سا-
لامەتلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، دۇنياغا قاي-
تا تۆرۈلۈشنى، قېرىماي مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرۇشنى پۇل-
غا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەقىدە، ساداقەت-
مەنلىك، ۋاپادارلىقلارنىمۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بول-
مايدۇ.

## تالانت ۋە پۇل

تالانت — ئادەمدە تەدرىجىي يېتىلىدىغان ئالاھىدە
بىر خىل ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ، تۇغما بولغاندىن تاش-
قىرى، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ يېتىلىدۇ.
ئەلۋەتتە، تەبىئىي تالانتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بول-
مايدۇ. ئەمما، تەدرىجىي يېتىلىدىغان تالانت چوقۇم پۇل
(ماددىي ئاساس) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك،
پۇل تالانتقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەلكى تا-
لانتنىڭ يېتىلىشىدە كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينا-

دۇ. ئادەم بىرەر كەسىپ ياكى پەن تەتقىقات تۈرىدە تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىش ئۈچۈن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقتىن باشقا، يەنە ماددىي شارائىتقا تايىنىدۇ. پۇل بۇ خىل ماددىي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشتىكى ئالدىنقى ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

ئەستە تۇتۇش ھاجەتكى، پۇل تېپىشمۇ مەلۇم نۇقتىدا تالانتقا موھتاج بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن تىجارەتچىلەر بۇ كەسىپتە دەل بىز دەۋاتقان تالانت ئىگىلىرى بولۇپ، پۇل تېپىش قىزغىنلىقى ئۇلارنى جىم تۇرغۇزمايدۇ. بۇ قارىماققا پۇل مەستانىلىقىدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق بۇرچى تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇلار بۇ يولدا ئاز بولمىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاخىرىدا پۇل تېپىشنىڭ (تىجارەتنىڭ) ماھىرلىرىغا ئايلانغان. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تالانتقا يالغۇز تىرىشچانلىق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭدا پۇلنىڭ ھەيدەكچىلىك، ۋاسىتىلىق رولىغا سەل قاراش ئاقىلانىلىق ئەمەس. تالانت دېمەك — پۇل دېمەكتۇر، چۈنكى، ھەر قانداق تالانت ئىگىسى تالانتقا تايىنىپ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتالايدۇ. گېپىمىزنى خۇلاسىلىغاندا، تالانت بىلەن پۇلنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولىدۇ.

1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قەشقەر

مەسئۇل كوررېكتور: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: قۇربانجان روزى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلىملىرى ھەققىدە
关于社会主义市场经济的知识论述(一)
(1ـ قىسىم، پۇل تېپىش ھەققىدە يېڭىچە بايان)
*
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
(قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى 19 ـ نومۇر، پوچتا نومۇرى: 844000)
خەت سانى: 36 مىڭ، 1/32، باسما تاۋىقى: 3
تىرازى: 2000
1997 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېسىلدى
ش . ئۇ. ئا. ر رۇخسەت قىلىش كىنىشكە نومۇرى (1997 ـ يىل) 0342

---

تەننەرخى: 4.50 يۈەن